# 43147 ـ جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامازنىڭ يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن ئارتۇق بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۈرۈش توغرىسىدا

### سۇئال

بۇخارىيدا پەتھۇل بارىينىڭ تەرتىپى بويىچە 646 -645 ـ نومۇرلۇق ئىككى ھەدىس بولۇپ، (645) نومۇرلۇق ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جامائەت نامىزى يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن يىگرمە يەتتە دەرىجە ئارتۇق بولىدۇ»، (646)نومۇرلۇق ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «جامائەت نامىزى يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن يىگىرمە بەش دەرىجە ئارتۇق بولىدۇ» بۇ ئىككى ھەدىسنى ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ قويۇشۇڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن؟.

### تەپسىلى جاۋاب

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى ھەدىس ئابدۇللاھ بىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇخارى 619 –نومۇرلۇق ھەدىستە، مۇسلىم 650ـ نومۇردا: «جامائەت نامىزى يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن يىگرمە يەتتە دەرىجە ئارتۇق بولىدۇ» دېگەن لەۋزىدە كەلتۈرگەن.

ئىككىنچى ھەدىس ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇخارى 619–نومۇردا «جامائەت نامىزى يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن يىگىرمە بەش دەرىجە ئارتۇق بولىدۇ» دېگەن لەۋزىدە بايان قىلغان.

ئالىملار بۇ ئىككى ھەدىسنىڭ ئارىسىنى جۇغلىغان، بۇ توغرىدا ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن " :ئۇ ئىككى ھەدىسنىڭ ئارىسىنى جۇغلاش ئۈچ يولدىن بولىدۇ:

بىرىنچى: ھەقىقەتەن ساندىن ئازنى زىكىر قىلىش بىلەن كۆپىنى زىكىر قىلىشنىڭ ئارىسىدا زىتلىق يوق، ئۇسۇل ئالىملىرىنىڭ قارشىدا، ساندىن بولغان چۈشەنچە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ

ئىككىنچى: خەۋەر دەسلەپتە ئاز سان بىلەن بولدى، ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن ئارتۇقچە پەزىلەتتىن خەۋەر بەردى.

ئۈچىنچى: سانىنىڭ ئارتۇق ياكى كەم بولىشى نامازنىڭ ۋە نامازنى ئادا قىلغۇچىنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن تۈرلۈك بولىدۇ، بەزى كىشىلەر ئۈچۈن يىگىرمە يەتتە دەرىجە بولىدۇ، بەزى كىشىلەر ئۈچۈن يىگىرمە بەش دەرىجە بولىدۇ، بۇ نامازنى كامىل ئادا قىلىش، ئۆز ۋاقتىدا خۇزۇ، خۇشۇ، نامازنىڭ ھەيئەتلىرى، جامائەتنىڭ ئاز-كۆپلۈكى، ناماز ئوقۇغان ئورۇننىڭ مۇقەددەس ئىكەنلىكى جەھەتلەردىن پەرقلىق بولىدۇ. "[ئەل مەجمۇئ- 4 "توم- 84 بەت.]

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.

بۇ يەردە بۇ ھەدىسلەرنىڭ ئارىسىنى جۇغلاشنىڭ بۇنىڭدىن باشقىمۇ يوللىرى بار، بەزىسى يۇقىرىقى يوللاردىن چىققان، ھاپىز ئىبنى ھەجەر "پەتھۇلبارى- 2 "توم- 132 بەتتە ئىمام نەۋەۋىي زىكىر قىلغان يولدىن باشقا بىر يولنى كۆچلەندۈرۈپ: "يىگىرمە يەتتە دەرىجە ئۈنلۈك ئوقۇيدىغان نامازلار ئۈچۈن، يىگىرمە بەش دەرىجە بولسا مەخپىي ئوقۇلىدىغان نامازلار ئۈچۈن دەپ بايان قىلغان".

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.